


ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

---

ئەزىز ئوقۇرمەن، ئۇشبۇ كىتاب ئاپتورىنىڭ رۇخسىتى ۋە تەلىپى بىلەن ئېلكىتاب تورىدا تۈنجى بولۇپ تارقىتىلدى.

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitap.org

ئېلكىتاب

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitab.org

# «ئېلىپبە»نى باشلىدۇق

قولىڭىزدىكى بۇ ئېلىپبەنى بۇرۇن تۈزۈلگەن بارلىق ساۋات چىقىرىدىغان كىتابلاردىن پەرقلىق باشلىدۇق. بۇرۇنقى ئېلىپبەلەردە ھەرپلەرنىڭ سانى ۋە شەكىللىرى تۈزۈلگەنسىرى كۆپىيىپ بارغان ئىدى. بۇگۈنگىچە ھەرپلەرنىڭ ھەممە شەكىللىرى پارچىلاپ ئۆگىتىلگەن بولۇپ ئۇيغۇرچىدىكى 32 ھەرپ پارچىلىنىپ 144 يەتكۈزۈلگەن ئىدى. ھەتتا ئې ۋە ئى تاۋۇشىنىڭ شەكىللىرى ئاۋۇتۇلۇپ سەككىزگە يەتكۈزۈلگەن. بۇنىڭ بىلەن بالىلارنىڭ ساۋات چىقىرىشىغا بەزى قولايسىزلىقلار بولغان ئىدى. ئەمەلىيەتتە ھەرپلەرنىڭ مىغىزى پەقەت بىر بولۇپ قالغان شەكىللىرى ئۇلاپ يېزىلىش سەۋەپلىك ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. مەسىلەن، سوزۇق تاۋۇشلاردىكى ھەمزىلىك يېزەك نەزەردىن ساقىت قىلىنغاندا شەكلىنىڭ ئاساسەن بىر ئىكەنلىكى مەلۇم. شۇڭا بۇ كىتابتا ھەرپلەرنىڭ مىغىزلىق شەكلىنى ئۆگىتىپ قالغان شەكىللىرىنى ئۇلىنىپ كەلگەن يەردە رەڭلەش ئۇسۇلىنى قوللاندۇق.

پەرزەنتلىرىمىزگە ھەرپلەرنى تونۇتۇش بىلەن بىللە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بوغۇم شەكىللىرىنىمۇ بىللە ئۆگىتىپ ماڭدۇق. ئۇيغۇر تىلىدا گەرچە كۆپ قوللىنىلىدىغان بوغۇم شەكلى ئالتە بولسىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغىنى ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن كەلگەن يېپىق بوغۇملاردۇر. ئۇيغۇرچىدا «ئات» شەكلىدە كەلگەن بوغۇم 40.3%، «سۇ» شەكلىدىكى بوغۇم 12.5%، «تاش» شەكلىدىكى بوغۇم 19% بولۇپ، سۆزلەر مۇشۇ ئۈچ خىل بوغۇم شەكلىنىڭ قاتلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. شۇڭا كىتابتا بىز يۇقارقى ئۈچ بوغۇم

شـەكلدە كەلگـەن سـۆزلەرنى تەكـتلـەپ ئۆتتـۇق. ئۇيغـۇر تىلـدا بىـر بوغۇملۇقتـىن تـۆت بوغۇملۇققىچە سـۆزلەر ئـەڭ كـۆپ بولغىنى ئۈچـۈن بۇنىڭدىـن ئـۇزۇن سـۆزلەرنى كىرگۈزمەسـلىككە تىرىشـتۇق. بۇۋىمىز مەھمۇت قەشقەرىمۇ «دىۋان» دا تـۆت بوغۇملۇقتىـن ئارتـۇق سـۆزلەرنى كىرگۈزمىگـەن ئىكـەن.

كىتابقـا كىرگۈزۈلىدىغـان مەزمۇنلارنـى تاللاشـتا شـئېىر قوشـاقلارغا كۆپـرەك سـەھىپە بېرىلـدى. چۈنكـى نەسـرى ئەسـەرلەرنىڭ جۈملىسـى ئـۇزۇن، قۇرۇلمىسـى مۇرەككـەپ، سـۆزلىرى تۈرلىنىشـچان بولغاچقا بالىلارنىڭ يېشـىغا، سەۋىيەسـىگە ۋە پىسخىك ئالاھىدىلىكلىرىگـە ئۇيغۇنلـىرى كـۆپ بولمايدىكـەن. شـئېىرلاردا تىـل يىېنىـك، سـۆزلەر قىسـقا ۋە تۈرلـۈك مۇرەككـەپ قوشـۇمچىلاردىن خالـى بولغاچقا بالىلارغـا بەكـرەك مـاس كېلىدىكـەن. شـئېىرلاردىكى ئاھاڭدارلىـق بالىلارنىـڭ ئەسـتە ساقلىشـىغا قولايلىـق بولىدىكـەن.

مۇشـۇ سـەۋەپلەر بىلـەن كىتابنـى گـۈزەل بالىـلار نەزمىلـىرى بىلـەن بېزەشـنى راۋا كـۆردۇق.

بىـز بالىـلار ئۈچـۈن تۈزۈلگـەن بـۇ دەرسـلىككە ھازىرچە ئۇلارنىـڭ يېشـىغا مـاس كەلمەيدىغـان، چوڭلارغـىلا خـاس ئىدېئولوگىيـە، مەزھـەپ ۋە مەسىلەكلەرنى تەبىئىيلىكتىـن مۇستەسـنا شـەكىلدە قەسـتەن كىرگۈزۈپ قويۇشـنى ئىلمىيلىـك دەپ قارىمىدۇق. بۇيۈكلىرىمىـز ئـارزۇ قىلغـان دىـن، دۆلـەت، ھۆرلـۈك، مۇسـتەقىللىق، ئىدېئولوگىيـە، دېگەنگـە ئوخشـاش مەزمۇنلارنـى مەزكـۇر كىتابنىـڭ يۇقـۇرى يىللىقلار ئۈچـۈن تۈزۈلۈش ئالدىدا تۇرغان قىسـمىدا ۋە تارىخ ۋە دىـن دەرسـلىكلىرىگە سـىڭدۈرگەيمىز. شـۇڭا بـۇ دەرسـلىكتىكى مەزمۇنلارغـا قـاراپ تۈزگۈچىلەرنىڭ مەيدانى، ئىددىيەسـى ۋە غايىسـى ھەققىـدە ئارتۇقچـە پەرەزلـەردە بولـۇش بىھاجـەت.

كىتابنى تۈزۈش جەريانىدا ۋەتەندە نەشر قىلىنغان كىتاب، ژۇرنال ۋە توربەتلەردىكى ئەسەرلەرنى ئىشلەتتۇق. ئەپسۇسكى، ئاپتورلار بىلەن ئالاقە قىلىش قولايلىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ رۇخسىتىنى ئالالمىدۇق. ئېلىپبەدىكى بەزى شەكىل، رەسىم ۋە قىستۇرمىلارنى ۋەتەندىكى ئېلىپبە ۋە مۇناسىۋەتلىك كىتابلاردىن ئالدۇق. ئەمما ئىگىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزلەپ ئىجازەت ئېلىش ئىمكانىمىز بولمىدى. شۇڭا بۇ جەھەتتىكى ئۆزرىمىزنى ئوقۇرمەن ۋە ئىجادىيەتچىلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

مەزكۇر كىتابىمىزنىڭ ئىككىنچى قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن يازغۇچىمىز ئابدۇلھەكىم باقى ئىلتەبىرنىڭ «خوراز چىللايدۇ» دېگەن ئەسىرىگە ئىسمى يېزىماي قاپتۇ، سەۋەنلىكىمىزنى كەچۈرگەي. كىتابتىكى بەزى تېكىستلەردە چۈشۈپ قېلىش، خاتا بولۇپ قېلىش ۋە مۇجمەل بولۇپ قېلىشتەك مەسىلىلەر كۆرۈلۈپتۇ. بىز بۇنداق كەمچىلىكىمىزنى بويىنىمىزغا ئالىمىز ۋە ئەپۇ سورايمىز.

ئاخىرىدا، مەن بۇ كىتابنىڭ چىقىشىغا خالىس رىغبەتتە، ياردەمدە، دۇئادا بولغان دوستلىرىمغا تەشەككۈر ئېيتىمەن. سىلەردەك ئۇيغۇرنىڭ ئۈنسىز غېمىنى يەيدىغان، دەردىگە تەمەسىز دەرمان بولىدىغان، ھەق يول ۋە ھەققانى داۋا ئۈچۈن زېھنىنى، پۇلىنى ۋە ۋاقتىنى ئايىمايدىغان دوستلىرىم بولمىغان بولسا، بۇ كىتابنى نەشر قىلدۇرۇش مۇمكىن بولمايتتى.

# مۇندەرىجە


كۆكلەيدىغان ھەرپلەر 1
«ئا»غا ئامراق ئاداشلار 5
«ئە» بىلەن ساۋاقداشلار 6
«ئو» غا ئوخشار ئورغاقلار 7
«ئۆ»م ئويناپدۇ ئوماقلار 8
«ئۇ»زۇم ئۇزدۇق باراڭدىن 9
«ئۈ»چۈپ ئۆتتۇق ھويلاڭدىن 10
«ئى»نى ھەممە ماختايدۇ 11
«ئې»نېمشقا يىغلايدۇ 12
بىر بوغۇملۇق سۆزلەر 13
قول تۇتۇشتى ھەرپلەر 16
ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەر 18
ئۈچ بوغۇملۇق سۆزلەر 20
سوراپ ئۆگىنەي، ئويناپ ئۆگىنەي 21
سوزۇق تاۋۇشلار 28
ئېلىپبەنى سىزىپ بەر 29
ھەممە ھەرپ قولايكەن 31
ئويناق ھەرپلەر 34
ھەرپلەر باغچىسى 36
خوراز مەن قوقۇق 40
چۈمۈلە 42

| | |
|---|---|
| قونچاق مۈشۈك | 43 |
| كىسىر، كىسىر چاشقان | 44 |
| كەل قارلىغاچ | 45 |
| قاراۋۇل كۈچۈك | 46 |
| خامان لاي-لاي | 48 |
| قەشقەردىكى بالىلار | 49 |
| كارىزچى تۇرپان | 51 |
| ئەتكەن چاي | 52 |
| ياتار قۇملۇق پۇشۇلداپ | 53 |
| ئېيتىڭلارچۇ تۆگىلەر | 54 |
| سىناق سوئاللار | 55 |
| ئوينايدىغان بالا بارمۇ | 59 |
| پومزەك | 60 |
| بالىلار | 62 |
| تال چىۋىقىم | 63 |
| سايەم | 64 |
| قوشاق ئېيتايلى | 66 |
| ئاق تېرەك، كۆك تېرەك | 67 |
| تېپىڭلارچۇ ئۇ نېمە | 68 |
| كۆكلەيدىغان سوئاللار | 72 |
| قوش تەۋسىيە جۈپ سوئال | 73 |
| مېھمان پەسىللەر | 78 |
| سۆيۈملۈك رەڭلەر | 79 |

بۇلۇت مېھمان بول، دېدى 80
كۈن توقاچ 82
دوست تۇتايلى قۇشلارنى 83
ھەسەن-ھۈسەن 84
يامغۇر ياغدى شار-شار 85
بۇلدۇقلىغان سوئاللار 86
گۈزەل ئارزۇ 88
مومامسەن تارىم 89
كەلسەڭ دوستۇم ۋەتەنگە 90
ئامان بول ۋەتەن 92
ئۇيغۇر يوق يەردە 94
رامىزان كەلدى 95
دۇئادا قولۇم 96
پىچىرلىغان سوئاللار 99
سۇسىز توشقانلار 102
ئاچكۆز تىيىن 104
ئويۇنچى مايمۇنچاق 105
ئۈچ ھۆرۈن 109
كارامەت بۆدۈنە 111
دادا، سەن نەدە 114
ۋىچىرلىغان سۇئاللار 116


ئۇيغۇرچە بەك ئاسانكەن

# كۆكلەيدىغان ھەرپلەر



# قوۋناق هەرپلەر

ئات









ئىت



ئوت



ئۇچقۇچى



ئۆردەك



ئۈزۈم





بېلىق

پىل



تاۋۇز





يىلان


جۈمەك

چەينەك

خوراز

دوختۇر

رەسىم

زىراپە

ژۇرنال

سومكا

شام

غاز

فونتان

قېرىنداش

كالا





گۈل

ياڭاق



لەگلەك



مايمۇن





نان



ۋېلسىپىت



ھەرە

## «ئا»غا ئامراق ئاداشلار

تـ ت ئا ا نـ ن بـ ب



# ئا

ئا+ت=ئات

ئا+ب=ئاب

ئا+ن=ئان

تـ+ا=تا

بـ+ا=با

نـ+ا=نا



### ھەرپلەردىن سۆز قۇراشتۇرايلى

ئاتا ئانا تانا نان

# «ئە» بلەن ساۋاقداشلار



پـ پ ئە ە ك كـ لـ ل

ئە

ئە+پ=ئەپ

ئە+ل=ئەل

ئە+ك=ئەك

پـ+ە=پە

لـ+ە=لە

كـ+ە=كە





## ھەرپلەردىن سۆز قۇراشتۇرايلى



ئەتە ئەنە كەكە بەكە ئاپا كانا كالا

ئال بال پال پەن بەل كەل تەن ئاتە ئالە

# «ئو» غا ئوخشار ئورغاقلار



ئو و ۋ ـۋ ڭ ـڭ ھ ـھ

# ئو

ئو+ۋ=ئوۋ

ئو+ھ=ئوھ

ئو+ڭ=ئوڭ

ۋ+و=ۋو

ھ+و=ھو

ڭ+و=ڭو





## ھەرپلەردىن سۆز قۇراشتۇرايلى

ئوت ئون ھال ھاك ھاڭ ھون ھەل تاڭ تەڭ

توپ تول پول توك توڭ ئوتا توۋا توپا نوتا ۋاھ

# «ئۆ»م ئوينايدۇ ئوماقلار



مـ م ئۆ ۆ يـ ي سـ س

# ئۆ

ئۆ+م=ئۆم

ئۆ+س=ئۆس

ئو+ي=ئوي

مـ+ۆ=مۆ

سـ+ۆ=سۆ

يـ+ۆ=يۆ



## ھەرپلەردىن سۆز قۇراشتۇرايلى

ئۆت ئۆك تۆت تۆك نۆل كۆم كۆل مۆك مەن مەك

ماي مال موم پەم ساي سەن سۆي يات يەم يۆلە

# «ئۈ»زۈم ئۈزدۇق باراڭدىن



ئۈ ۈ ز ژ چ چ

ئۈ+ز=ئۈز

ئۈ+ژ=ئۈژ

ئۈ+چ=ئۈچ

ز+ۈ=زۈ

چ+ۈ=چۈ

# ئۈ





## ھەرپلەردىن سۆز قۇراشتۇرايلى



ئۈن چۈش تۈپ تۈك سۈت چاپ چەپ چاك چەك

چۆپ چۆل چۆك چۈمۈلە ئۈزۈم ئۈژمە ئۈچۈن كۈچ

# «ئۈ»چۈپ ئۆتتۇق ھويلاڭدىن



ق ـق ئۈ ـۈ ر ف ـف

# ئۈ

ئۈ+ق=ئۈق

ئۈ+ف=ئۈف

ئۈ+ر=ئۈر

قـ+ۈ=قۈ

فـ+ۈ=فۈ

ر+ۈ=رۈ



## ھەرپلەردىن سۆز قۇراشتۇرايلى

ئۈن ئۈز ئۈچ قۈر قۈت قۈل قۈم قاپ قال قاچ رەت

رەڭ زەر ئاق ئوق تار يەر چاق ئوقۇ ئۈرۈق قۈرۈق



# «ئى»نى ھەممە ماختايدۇ

خـ خ ئـ ى جـ ج شـ ش

ئـ

ئـ+خ=ئخ

ئـ+ش=ئش

ئـ+ج=ئج

خ+ى=خى

ش+ى=شى



## ھەرپلەردىن سۆز قۇراشتۇرايلى

ئت ئس خوش خاتا خاپا خام خاس خار جاپا

جام جاي جەك جەم جۈت شات شام شاش قارشى

# «ئې»نىمشقا يىغلايدۇ



گ گ ئې ي د د غ غ

# ئې

ئې+گ=ئېگ

ئې+غ=ئېغ

ئې+د=ئېد



## ھەرپلەردىن سۆز قۇراشتۇرايلى

ئېگەر ئېغىل ئېدىر گال گاس گەپ گەج گۈل گۆش

ئۆگەن غار غاز غەم دات دان داپ داس دار دەل

# بىر بوغۇملۇق سۆزلەر





ئات ئال ئاق ئاش ئاچ ئاڭ ئاز ئاي ئاغ ئاھ
ئەپ ئەت ئەل ئەگ ئەڭ ئەر





ئوت ئوق ئوڭ ئون ئوۋ ئوي ئــۇن ئــۇت ئۇچ
ئۇق ئۇر ئۇز ئۇد ئۇف ئۇل ئۇھ ئۆت ئۆز ئۆس
ئۆم ئۆي ئوٰز ئوٰن

يۇقرىقى سۆزلەردىن تاللاپ جوٰملە توٰزوٰڭ.

ئوٰلگە: ئاش ئەت.

  

تاپ   تاج   تاخ   تار   تاز   تاس   تاش   تاغ   تاق   تاڭ

تال   تام   بار   باس   باش   باغ   باق   بال   باي   پار

پاك   پال   پاھ   جان   جاي   چاپ   چاغ   چاق   چال

چاي   خال   خام   خان   داپ   داس   دان   زال   ساپ

سات   ساق   سال   سان   ساي   شات   شار   شال   شام

يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئىشلىتىپ ئۈچ جۈملە تۈزۈڭ.

ئۈلگە: سۇدا تاش بار.





غار غاز قاپ قات قار قاز قاش قاق قال قان

كان گار گاس گال لاي ماس ماڭ مال ماي

نام نان هال هاي ۋاھ ۋاي ئىت ئىس ئىش





يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئىشلىتىپ ئۈچ جۈملە تۈزۈڭ.

ئۈلگە: گارغا توپ ئات.

# قول تۇتۇشتى ھەرپلەر



ئې ـېـ تېرەك



ئىـ ـىـ گىلاس



بـ ـبـ پۇتبول



پـ ـپـ پايپاق



تـ ـتـ كەپتەر



نـ ـنـ ئەينەك



يـ ـيـ ئەديال

ل ﻟ

بېلىق



م ﻣ

ئالما



غ ﻏ

چامغۇر



ف ﻓ

تېلېفون



ق ﻗ

چاشقان



س ﺳ

سامسا



ش ﺷ

ئىشتان



ھ ﮬ

بېھى



# ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەر

   

ئانا ئاتا ئالما ئارا ئەنجۈر ئەتلەس پەلەي بۇغداي

كىتاب پاشا پىياز توشقان پالتا جەرەن مىجىت

چانا پىچاق قىلىچ چۆمۈچ خوراز خۇشخۇي دەرەخ

دۇتار چايدان راۋاب گىردە زەنجىر مىغىز ژۇرنال

پارىژ سائەت سامساق رىلىس تورۇس شاپتۇل ئىشچى

يىمىش ئاداش غورا سىغىز ئۇلۇغ فونتان نىفىت

يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئىشلىتىپ ئۈچ جۈملە تۈزۈڭ.

ئۈلگە: توشقان سەۋزىگە ئامراق.

   

قەشقەر قېيىق قايماق كەمپۈت سومكا ئىشىك ئۆرۈك
گىلەم چىلگە ياڭاق يېڭى غازاڭ لۆڭگە چىلان
لاچىن مايمۇن بىلىم قەلەم ناغرا تەڭنە قوغۇن
هالقا مېھمان ئوغلاق دوپپا نوتا ئۇۋا تۇرنا ئۇزۇن
ئۆتۈك دۆشە ئۈزۈك ۋەتەن هالۋا ئېيىق سېرىق
ئىلغۇچ گىلاس ياردەم يولۋاس كىيىم قەلەي

يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئىشلىتىپ ئۈچ جۈملە تۈزۈڭ.

ئۈلگە: مەن يېڭى قەلەم ئالدىم.

# ئۈچ بوغۇملۇق سۆزلەر






ئايگۈزەل ئەسسالام باراۋەر پاراشۇت تارازا جاراڭلىق

چىرايلىق خاتىرە دىرىزە رىۋايەت زىراپە سالامەت

شاتۇتى غەلىتە تېلېفون قاراقچى كېپىنەك گېزىتچى

يورۇڭقاش لەتىپە ماشىنا هارۋىكەش ئويۇنچۇق

ئۆگىنىش ئۈرۈمچى ۋەسىيەت ئىلىپبە ئىرادە يوپۇرماق

يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئىشلىتىپ ئۈچ جۈملە تۈزۈڭ.

ئۈلگە: شاتۇتى ماڭا «ئەسسالام» دېدى.

# سوراپ ئۆگنەي، ئويناپ ئۆگنەي

1. سۆز ياسىيالايمەن.




( ) ( ) ( )




( ) ( ) ( )

ئۈ ← ( ) ( ) ( )

ئو، ئۇ، ئۆ + ن = ( ) ( ) ( )

بە ← ( ) ( ) ( )

پ ← ( ) ( ) ( )






2. رەسىم بىلەن خەتنى تۇتاشتۇرايلى.




ئات

ئانا




ئاتا

نان





تۆرنا　　ئارا　　شوتا　　ئانار　　سائەت　　شار





3. جۈملە بىلەن رەسىمنى تۇتاشتۇرايلى.





سانىيە سۇ سەپتى.

ئاينۇر ئەينەك سۈرتتى.

ئاتام ئوت ئوتىدى.

روزى رەسىم سىزدى.





4. رەسىمگە قاراپ جۈملە يازايلى.









5. ھەرپلەردىن پويىز ياسايلى.

6. تاپماق ئويۇنى (كاتەكچىدىن سۆز تېپىڭ)

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ر | ئۇ | ن | ل | ى | د | س | ئا | د | ب |
| ئا | چ | م | ئا | غ | ر | ئا | س | ژ | ئا |
| س | ق | ئو | ت | ئا | د | ئە | ئا | د | ز |
| ت | ئۇ | ئا | ئا | ھ | ئە | ت | غ | ئا | ئا |
| ى | چ | ق | ن | ئۇ | م | ى | ل | غ | ر |
| غ | ى | ق | ى | ي | ي | ر | ئا | ئى | ز |
| ش | م | س | ت | غ | ل | گ | م | ن | ئۇ |
| ئە | م | ژ | ئۆ | ئۇ | ى | ئۆ | ى | ئە | ر |
| ن | ئە | پ | ز | ر | ش | ل | ن | د | ئۇ |
| ئا | ن | ئا | ت | ن | ئو | ف | ئە | ئە | ق |

7. قانچە ئېلىپبە ناخشىسى بىلىسىز؟ قايسى ناخشا سىزگە ئەڭ ياقىدۇ؟ قايسىنى يازالايسىز؟



8. تۆۋەندىكى رەسىمنىڭ نەرى كەم؟ خەتنى ئوقۇپ تولۇقلاپ سىزىڭ.



چاچ
قۇلاق
بۇرۇن

قاش
ئېغىز
بويۇن

9. توغرىسىنى تاللاڭ.

بۆلۈنگەن ـ بۆلۈڭگەن

كۈنلۈك ـ كۈللۈك

ئۇقتۇرۇش ـ ئۇختۇرۇش

ئەككەن ـ ئەگكەن

تىلگى ـ تىلكى

ئون بەش ـ ئومبەش

ئىنتام ـ ئىمتىھان

ئاشكۆز ـ ئاچكۆز

كۇچار ـ كۇچا

ئۇچتۇرپان ـ ئۈچتۇرپان

# ئاداش هەرپلەر



# سوزۇق تاۋۇشلار



ئابدۇۋەلى ئايۇپ

هەمزە يۈكى بار،
يىلتىز-كۆكى بار.
بەكمۇ ئوخشايدۇ،
قوشماق هەرپلەر.





«ئا» غا ئاداشلار،
«ئە» گە قولداشلار.
«ئې» غا ياقمايدۇ،
«ئى» دىن يۇۋاشلار.



«ئو» دەك ئورغاقلار،
«ئۆم»كەن ئوماقلار.
«ئۈ»زۈم ئۈزۈپتۇ،
«ئۇ»زۇن تۇماقلار.



# ئېلىپبەنى سىزىپ بەر

ئابدۇۋەلى ئايۇپ

دادا، بىللە ئوينايلى،
ھەرپلەرنى يېزىپ بەر.
ئوتتۇز ئىككى ئاداشنى
رەسىم قىلىپ سىزىپ بەر.

سەككىز سوزۇق بېشىدا،
ھەمزە دېگەن بۇدۇشقاق،
ياغاچ قۇلاق چېكىت، پەش،
بىر بولالماس ئۇرۇشقاق.



تۇخۇم باسار «ب»، «پ»، «ي»،
«ف»، «ق» ياتار تۇگۇلۇپ.
ئوخشاپ قالار «ۋ» «ژ» غا،
بېشى كەتسە بۇزۇلۇپ.

«ئوقيا» دىكى «يا» بىلەن،
«ز» قوشۇلسا ياز بولار.
«ي» ئورنىغا «غ» كەلسە،
ئۇچۇپ كېتەر «غاز» بولار.

چېكىت، چىش ۋە ھەمزە يوق،
«د»، «ر»، «ل»، «م» ئوخشايكەن.
رەسىم سىزىپ ئويناشقا،
ھەممە ھەرپ قولايكەن.



# ھەممە ھەرپ قولايكەن

ھەرپلەر دوست، ئاداشكەن،
بىر بىرىگە ئوخشاشكەن.
«ي» نىڭ ئىككى چاقى بار،
«ى» قوزغالماس يۇۋاشكەن.



«س» نىڭ بېشى بوش ئىكەن،
«ش» نى باسار ئۈچ تال تاش.
«گ» نىڭ قېشى قوش ئىكەن.
«ې» دىن تامار ئىككى ياش.









«ر» بىلەن «ز» قېرىنداش
«ج» «چ» «خ» لار سىرداشكەن.
«چ» دىن قاچقان ئۈچ چىكىت
«ژ» ئۈستىگە چاپلاشكەن.

«ب» «پ» باسسا تۇخۇمنى،
«ت» كۆتۈرۈپ يۈرۈپتۇ.
«ن» قوينىدا ئاۋايلاپ،
«د» غا ھەرگىز بەرمەپتۇ.







«ف» «ق» ياتار يانمۇ يان،
«ئو»«ئۆ» بىر جۈپ ياراشقان.
«ڭ» نىڭ يۈكى «ل» دا يوق،
«ئا» «ك» تەتۈر قاراشقان.

«ۇ» «ۈ» كىيىپ يېڭى بۆك،
«ۋ» غا بەكمۇ ياراپتۇ.
دوپپا كەيسە ھەمزىجان،
«غ» ئاداش دەپ قاراپتۇ.



ھەمزە دىگەن بۇدۇشقاق،
«ئە» ئۈستىگە ھاپاشكەن.
بارلىق پەشلەر چېكىتلەر،
ھەرپلەرگە ئاداشكەن.



# ئويناق ھەرپلەر

ئابدۇۋەلى ئايۇپ

يۈزى يۇمۇلاق،
تېنى ئۇزۇنچاق،
يا ئەمەس قۇمچاق
ئوماق ھەرپلەر.

يىلاندەك مايماق،
غازدەك سوزۇنچاق،
دۆدەك دوغىلاق،
دومباق ھەرپلەر.



خ

ۋ

باشتا بۆكى بار،
بەلدە يوٰكى بار.
كۆزبدە كوٰلكە،
قوۋناق هەرپلەر.

چ

ج

وٰ

ۆ

يازسام كۆروٰنەر،
ئوماق هەرپلەر.
ئوينايمز بىللە،
ئويناق هەرپلەر.



# هەرپلەر باغچىسى

1. هەرپلەرنى سۆزلەر بىلەن تۇتاشتۇرايلى.

چاي

تاج



شاخ

شام

خوراز  تارىخ  مسجىت  ئوسما  چۆمۆچ

2. هەرپلەرنى تىپىپ ئوخشاش رەڭدە بويىيالايمەن.

د  ۋ  ھ  ژ



3. قوشۇپ ئوقۇيالايمەن.







4. سۆز ياسيالايمەن.







5. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قانچە ھەرپ ۋە قانچە بوغۇمدىن تۈزۈلگەنلىكىنى دەپ بېرەلەيمەن.

دېھقان مېھمان بۇژغۇن ئىلەڭگۈچ

سۆز ( ) بوغۇم ( ) سۆز ( ) بوغۇم ( ) سۆز ( ) بوغۇم ( ) سۆز ( ) بوغۇم ( )

6. تۆۋەندىكىلەرنىڭ نامىنى يازالايمەن.

















# هويلامدا بار هايۋانلار



# خوراز مەن قوقۇق

زاماندىن پاكزات



تىكى، توك-توك-توك،
ئۆيدە ئادەم يوق.
كىمسەن «يوق» دېگەن؟
خوراز مەن قوقۇق.



خوراز بولساڭ سەن،
مېكيان قېنى؟
يامانلاپ كەتتى،
ئاز ئىمىش دېنى.

تىكى، توك-توك-توك،
ئۆيدە ئادەم يوق.
كىمسەن «يوق» دېگەن؟
خوراز مەن قوقۇق.



خوراز بولساڭ سەن،
قېنى چۈجەڭ يوق؟
يامانلاپ كەتتى،
ئۆينى دەپ سوغۇق.

تىكى، توك-توك-توك،
ئۆيدە ئادەم يوق.
كىمسەن «يوق»دېگەن؟
خوراز مەن قوقۇق.



سەن خورازمۇ سەن،
ئاۋازىڭ بوغۇق ؟
خوتۇن-بالاڭ يوق،
كۆڭلۈم بەك مۇڭلۇق.

تىكى، توك-توك-توك،
ئۆيدە ئادەم يوق.
كىمسەن «يوق»دېگەن؟
خوراز مەن قوقۇق.



قىچقىرىپ باقىن!
تەندە مادار يوق.
سەن قانداق قوق-قوق؟
ئۆيۈڭ ئەڭ سوغۇق.

يەنە ئاش-نان يوق،
بەدەندە جان يوق.
تاجى بارلاردا،
سەن كەبى خار يوق.

# چۈمۈلە

ئابدۇۋەلى ئايۇپ

چۈمۈلە يۈ چۈمۈلە،
يولۇڭ قەيەرگە.
كۈندە ئۇزۇق توشۇيسەن،
چۈمۈلۈپ تەرگە.

چۈمۈلە يۈ چۈمۈلە،
بەلباغ بىلىڭدە.
پىلدەك يۈكنى توشۇيسەن،
قىلدەك تىنىڭدە.



# قونچاق مۈشۈك



ئەركىن داۋۇت ئوغۇز

مەن ئوينىسام ئوينايدۇ،
مياك، مياك مۈشۈكۈم.
ئىككى كۆزى چىرايلىق،
ئاغزى، بۇرنى تۆشۈكۈم.

يەيدىغانغا گۆشى يوق،
گۆشكىمۇ ھەم خوشى يوق.
ۋايجان، ۋاييەي دېمەيدۇ،
تەگسە تاياق ياكى ئوق.

بولىدىكەن چىداملىق،
قونچاق مۈشۈك مۇشۇنداق.
چۈمۈلىلەر كېلەرمۇ،
ئەتە تويغا چىللىساق.

Furry Graphics ©

# كىسىر، كىسىر چاشقان

ئابدۇۋەلى ئايۇپ

كىسىر-كىسىر چاشقان،
خالتا كۆرسە ئاچقان.
ئانام ياققان توقاچنى،
چىشلەپ، غاجاپ قاچقان.

كىسىر-كىسىر چاشقان،
ئاشنى بۇزۇپ چاچقان.
بارار يېرى ئەخلەت،
يەيدۇ ئاشقان-تاشقان.

ئوغرى بولغاچ چاشقان،
مۈشۈك ئۇنى باسقان.
نەدە بولسا ئۇر-ئۇر،
ھەر بۇلۇڭدا قاپقان.



# كەل قارلىغاچ

ئابدۇۋەلى ئايۇپ

قارا قانات، ئاق قورساق،
ئوماق قارلىغاچ.
قاراپ قالدىم ئۇۋاڭغا،
سېنى سېغىنغاچ.

سەن كەلمىسەڭ قارا قىش،
قونۇپ قالغۇدەك.
مۇز ياغدۇرۇپ يۇرتۇمغا،
تۇرۇپ قالغۇدەك.

كەل قارلىغاچ، قارلىغاچ،
باھار بولۇپ كەل.
قاقشال يەرگە يامغۇردەك،
ياغار بولۇپ كەل.

# قاراۋۇل كۈچۈك

ئابدۇۋەلى ئايۇپ

ئۆيگە قارايمەن،
كۆلگە قارايمەن،
باغچام رەڭگارەڭ،
هۇشيار قوغدايمەن.

قارغا، قۇشقاچلار،
گۈلنى چوقالماس.
چاشقانلار ئۆيدە،
ناخشا ئوقالماس.

هەر يەرگە چىچماس،
مىكيان هازازۇل.
بولغاچ هويلىدا،
ئۆزەم قاراۋۇل.



# ئامراق مەھەللەم



# خامان لاي-لاي

ئابدۇۋەلى ئايۇپ

بۇغداي پىشتى،
ئوخشاپ هاي-هاي.
ئورۇپ كەلدۇق،
هايال قالماي.

تۇلۇق سالدۇق،
خامان بولدى.
ئەنجە يۇمشاپ،
سامان بولدى.

دان ئايرىلىپ،
تاغدەك بولدى.
تاماق ئەتسەك،
ياغدەك بولدى.



# قەشقەردىكى باللار

ئىززەتگۈل ساتتار

باغقا باشلاپ كىرەر دەپ،
ئانار ئۈزۈپ بېرەر دەپ،
شەربەت سىقىپ چىقار دەپ.
بىز سىلەرنى ئىزدەيمىز،
قەشقەردىكى باللار.

مول داستىخان سالار دەپ،
تاتلىق تۈرۈم تىزار دەپ،
چايغا ناۋات سالار دەپ.
بىز سىلەرنى ئىزدەيمىز،
قەشقەردىكى باللار.



ساتارنى ئالسۇن دەپ،
نۇزۇگۇمغا چالسۇن دەپ،
جۇشقۇن ساما سالسۇن دەپ.
بىز سىلەرنى ئىزدەيمىز،
قەشقەردىكى باللار.

چامغۇر بولساق يۇلار دەپ،
قوغلاشماقتا ئۇتار دەپ،
بىزگە ياغلىق تۇتار دەپ.
بىز سىلەرنى ئىزدەيمىز،
قەشقەردىكى باللار.

جاڭگاللارغا باشلار دەپ،
توشقانغا تور تاشلار دەپ،
كاۋاپتىن چوغ چاچرار دەپ.
بىز سىلەرنى ئىزدەيمىز،
قەشقەردىكى باللار.



# كارىزچى تۇرپان

ئابدۇۋەلى ئايۇپ

تۇرپان بۇرۇندىن،
باتۇر بالىكەن.
تەڭرىتاغ ئاتا،
تارىم ئانىكەن.

ئويغىنىپ دەپتۇ،
دېھقان بولاي مەن.
باغ-ئېتىزغا سۇ،
ئىزدەپ تاپاي مەن.

بىر چۈش كۆرۈپتۇ،
سەھەردە تۇرپان.
قولىدا كەتمەن،
ئالدىدا ساپان.

بۇلاقنى بويلاپ،
كولاپ بېقىپتۇ.
يەر ئاستىدىن سۇ،
باشلاپ چىقىپتۇ.

قازغان ئېرىقنى،
كارىز ئاتاپتۇ.
سۇسىز زېمىندا،
باغچا ياساپتۇ.



# ئەتكەن چاي

ئابدۇۋەلى ئايۇپ

چاي چاي،
ئەتكەن چاي.
تەمى دىلغا
ياققان چاي.

جۇشقۇن قىلار
يۈرەكنى.
كۈچلۈك قىلار
بىلەكنى.

يۈكسەلدۈرەر
تىلەكنى،
ھۇرۇنلۇقنى
تەپكەن چاي.



# ياتار قۇملۇق پۇشۇلداپ

ئەخمەتجان تۇرۇپ بەگتۈرك

كۈلەر قۇملۇق كۆزلەردەك،
قۇياش قىيا باقاندا،
ئاپتاپ چوغدەك لېۋىنى،
يۈزلىرىگە ياقاندا.

گاھى شىردەك ھۇۋلايدۇ،
ئىشىك قېقىپ توۋلايدۇ.
نەشتەر ئۇرۇپ شۇم بوران،
يۈرىكىنى چاققاندا.

گاھى يۇمۇپ كۆزىنى،
دېمەستىن ھېچ سۆزىنى،
ياتار ئېغىر پۇشۇلداپ،
ئاي ئاسماندا ماڭغاندا.



# ئېيتىڭلارچۇ تۆگىلەر

ئابدۇۋەلى ئايۇپ

ئەي تۆگىلەر، تۆگىلەر،
كەلدىڭلاركىن قەيەردىن.
چۆچەك ئېيتىپ بېرىڭلار،
سىلەر بارغان شەھەردىن.

ئاڭلاڭلار ئەي بالىلار،
كەلدۇق بۈگۈن ئۇيغۇردىن.
توقاچ تۇتتى موماڭلار،
يېڭى چىققان تونۇردىن.



ئۇيغۇردىكى باغلاردا،
قۇشلار دۇتتار چالاركەن،
يايلاقلاردا تايچاقلار،
ئەركىن ساما سالاركەن.

مەھەللىدە بالىلار،
كەپتەر، كەكلىك باقاركەن.
ئۆستەڭلەرگە چۆمۈلۈپ،
دولقۇن بىلەن ئاقاركەن.

# سىناق سوئاللار

1. قەشقەردە باللار نېمە ئوينايدۇ؟ قەشقەردىكى ئويۇنلار، ئۆيلەر ۋە يوسۇنلار ھەققىدە بىر قانچە جۈملە يېزىڭ.

2. ئەگەر «قەشقەردىكى باللار» دېگەن شېئىرنى «تۇرپاندىكى باللار» دەپ ئۆزگەرتسەك قانداق بولار؟ قەشقەر دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا خوتەن، ئاقسۇ، كورلا، ئارتۇچ، قومۇل دېگەن يۇرتلارنىڭ ئىسمىنى قويۇپ بېقىڭ ۋە پەرقلەرنى سۆزلەپ بېرىڭ.

3. چوڭلاردىن ئۇيغۇردا تۆگىگە ئائىت قانداق ماقالللار بار، سوراپ بېقىڭلار. ئۈلگە: «تۆگىنى دەپ تۆگىدىن قۇرۇق قاپتۇ».

4. نېمە ئۈچۈن قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ شاھلىرى ئۆزىنى بۇغراخان دەيدۇ؟ نېمىشقا ئۇيغۇرلاردا بۇغرا دېگەن فامىلە كۆپ ئۇچرايدۇ؟ بۇغرا دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلىپ كېلىڭلار. تۆگىنى قۇملۇقتىكى قولۋاق دەپ تەسەۋۋۇر قىلىڭلار ۋە شۇ ماۋزۇدا بىر ئابزاس يېزىڭلار ۋە رەسىم سىزىڭلار.

5. ئەتكەن چاينى قەيەرلەردە كۆپ ئىچىدۇ؟ ئاناڭلاردىن سوراپ بېقىڭلار. ئەتكەن چاي ئېتىش ئۇسۇلىنى سوراڭلار ۋە يېزىپ كېلىڭلار.

6. داداڭلاردىن «ئەنجە، چەش، خامان، تۇلۇق، باشاق، ئېگىز، ساپان، سۆرەم» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى سوراپ بېقىڭلار.

7. مۇنۇ خامان ناخشىسىنى ئوقۇپ بېقىڭلار:

**خامان ناخشىسى**

سەلكىن چىقسا بۇغدايدىن،
سامان ئايرىيدۇ.
ئۇرۇق تۇغقان دوستلاردىن،
زامان ئايرىيدۇ.
خامان تەپكەن ئات كالا،
ئوت-چۆپ چاينايدۇ.
بىكار ياتقان ئىتقا دەپ،
كېپەك قاينايدۇ.
تەڭشەلمىگەن جاھان بۇ،
يامان يايرايدۇ.
ياخشىلارغا ھويلىدا،
ھوقۇش سايرايدۇ.

8. تەكلىماكان دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ قۇملۇقمۇ؟ قۇملىشىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ تەكلىماكان قانداق شەكىللەنگەن؟ قۇمدىن نېمىلەر ياسىلىدۇ؟ ئۇيغۇرلاردا قۇم بىلەن قانداق كېسەللەر داۋالىنىدۇ؟ ئاناڭلاردىن قۇم ھەققىدە قوشاق، ھېكايە ۋە ماقالىلارنى سوراڭلار. «قۇتسىز قۇدۇققا كىرسە قۇم ياغار» دېگەن ماقالىنىڭ مەنىسىنى يېزىپ كېلىڭلار.

9. تۆۋەندىكى داستىخاندا نېمىلەر بار؟



10. بالا نەگە ماڭدى؟ كالا نېمە دەيدۇ؟ رەسىمدىكى نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى يېزىڭلار ۋە رەسىمگە قاراپ بەش جۈملە يېزىڭلار.




ئوينايدىغان بالا بامۇ؟

# ئوينايدىغان بالا بارمۇ

ئابلىكىم ھەسەن

ئاق تاش، كۆك تاش،
دەريا بويى سۈزۈك تاش.
سىنىڭ بىلەن مەن ئاداش،
ئوينايدىغان بالا بارمۇ؟

ئوينايدىغان بالا بارمۇ؟
مۆرەيدىغان كالا بارمۇ؟
دۈپپۈر-دۈپپۈر ئاتلار بارمۇ؟
يايرايدىغان دالا بارمۇ؟

سۈنى كۆرسەم بىلىقمەن،
دەريا ئەمەس ئېرىقمەن.
قىش ۋاقتىدا ئويناشقا،
چاتىدىغان چانا بارمۇ؟





# پومزەك

زاماندىن پاكزات

پومزەك دۈگۈلەيدۇ،
ئۆيدە چۆرگۈلەيدۇ.
كەينىدىن بوۋاق،
قوغلاپ ئۆمۈلەيدۇ.

بوۋاق توختىسا،
توپمۇ توختايدۇ.
ئىككىسى شۇنداق،
ئويۇن ئوينايدۇ.



بوۋاق هارغاندا،
توپمۇ هاربدۇ.
بوۋاق ئۇخلسا،
توپمۇ يېنىدا
ئۇخلاپ قالىدۇ.



ئىككىسى بىللە،
ئارام ئالىدۇ.
شۇنداق قىلىشىپ،
شۇنداق ئېتىشىپ،
ئاي-كۆنلەر ئۆتۈپ،
چوڭ بوپ قالىدۇ.



بىر سىرنى ئەمما،
هېچكىم بىلمەيدۇ.
بوۋاق يوغىناپ،
توپ كىچىكلەيدۇ.







# باللار

زۇنۇنجان مەمتىمىن شۈكران

كىتابلار دان چاچقاندا،
چۇرۇقلىغان باللار.
تاشلاپ قويسام بىر سوئال،
پورۇقلىغان باللار.

چەك قويۇلسا شوخلۇققا،
بۇقۇلدىغان باللار.
ئەركىلەتسەم، چۆجىدەك،
چۇكۇلدىغان باللار.

سۈزۈك بۇلاق سۈيىدەك،
شىرىلدىغان باللار.
ئۇخلاپ قېلىپ پارتىدا،
خورۇلدىغان باللار.



# تال چۈشقىم

تال چۈشقىم تېزراق چاپ،
ئورمانلىققا كېتەيلى.
ئۆيدىن يىراق دۇنيانىڭ،
سىرلىرىنى يېشەيلى.

ئورمانلىقتا ساز بارمۇ؟
كەتمەيدىغان ياز بارمۇ؟
شىلدىر-شىلدىر سۇلاردا،
غاق-غاق قىلغان غاز بارمۇ؟

تېرەك بېشىدا ئاي بارمۇ؟
ئېرىق بارمۇ، لاي بارمۇ؟
قۇمۇشلارنى نەي قىلسام،
چالىدىغان جاي بارمۇ؟

تال چۈشقىم تېزراق چاپ،
قالدىم مەن بەك ئالدىراپ،
بىز بارمىساق ئورمانغا،
سىرلار قالار ياتسىراپ.



# سايەم

زاماندىن پاكزات

كىرىۋالدى كەينىمگە سايەم،  
يۈگۈرسەم يۈگۈرۈپ،  
توختىسام توختاپ.  
بىر ئوڭۇمدا ئۇ،  
بىر سولۇمدا ئۇ،  
بىر ئالدىمدا ئۇ،  
بىر ئارقامدا ئۇ،  
ئاۋارە شۇنداق،  
قالامدۇ ھېرىپ؟  
كەتمەمدۇ ئۇسساپ؟

يانچۇقۇمدا بار،  
بىر تال قورۇتۇم،  
قالغانمىدۇ ئۇ  
ئاشۇنى پۇراپ؟  
ئۇنى ئىنىمگە  
ئېلىپ ماڭغانتىم،  
بۇ سايە ئۇنى  
ئالماس ئوغرىلاپ (-ھە)؟



ئانام چاقىردى،
چۈشلۈك ئۇيقۇغا.
سايەم ئىشىكتە
قىپقالدى توختاپ.

كەتتۇق ئۇيقۇغا ،
ھېكايە ئاڭلاپ
ئىنىم قۇرتنى
غاجىلاپ قاساپ.

سايەم ئىشىكتە
تۇرامدۇ ساقلاپ؟
ۋە ياكى ئۇمۇ
كەتتىمۇ ئۇخلاپ؟

يەنە ئەگىشەر،
چىقساممەن ئويناپ.
ئۇ ماڭا ئامراق؟
بۇ بەلكى شۇنداق.



# قوشاق ئېيتايلى

ئابدۇۋەلى ئايۇپ

كەلگىن جان ئاداش،
قوشاق ئېيتايلى.
يالغۇز قالمىغىن،
قوشلاپ ئېيتايلى.

قوشاق باشلىدىم،
ئىسمىم ئۇيغۇر ئاي.
ھەممە ھەرپنى،
بىلىمەن قويماي.

نۆۋەت مېنىڭكى،
ئىسمىم ئەرتوگا.
داستاننى باشلاي،
قۇلاق سال ماڭا.

ئىسمىم مۇستەقىل،
باتۇر بالىمەن.
ئۆينى ئوغرىدىن،
قوغداپ قالىمەن.



# ئاق تېرەك، كۆك تېرەك

ـ ئاق تېرەك
ـ كۆك تېرەك،
ـ بىزدىن سىزگە كىم كېرەك؟
ـ باتۇر ئوغۇل قىز كېرەك.
ـ باتۇر قىزنىڭ ئىسمى كىم؟
ـ ئىسمى ئۇنىڭ نادىرە.
ـ كۈچۈك يەتسە كېلىپ ئال،
سېپىمىزنى يېرىپ ئال.



# تېپىڭلارچۇ ئۇ نېمە

ئابدۇۋايىت ئابلىز

1

تولۇن ئايدەك يۇمۇلاق،
پىشار ئوتتا قاقلىنىپ،
كۆنجۈت، پىياز، سىيادان،
تۇرار ئاڭا چاپلىنىپ.
ھەممە ئامراق يېمەكلىك،
تېپىپ بېقىڭ ئويلىنىپ.



2

مەيلى ئاچقىن ئىشكنى،
ياكى كۆرگىن تېلېۋىزور.
مەيلى سالغىن ئىمارەت،
ياكى ئولتۇر بەھوزۇر.

ئۇ بولغاچقا ئولتۇرۇپ،
قىلالايمىز مەشغۇلات.
بەرگەن ھەرخىل بۇيرۇقلار،
ئىجرا بولار شۇ زامات.
بولساڭ ئەگەر ئەقىللىق،
جاۋابىنى تېپىپ باق.



3

قوياش چىقسا شەرقتىن،
ئۇ قارايدۇ شەرققە.
ئەگىشىپ ئۇ قوياشقا،
كەچتە قارار غەربكە.

چېچەكلىرى ساپ-سېرىق،
يۈزى ئۇنىڭ توقاچ نان.
پەرۋىش قىلساڭ قانچىلىك،
بېرەر ساڭا شۇنچە دان.
تېپىڭ شۇڭا دوستلىرىم،
تېپىشماقتا كىم يامان؟



4

تۆت پەسىلدە ۋىچىرلاپ،
ئۇچۇپ يۈرەر يېنىڭدا.
قۇرت تېرىپ يۈرىدۇ،
سەھرادىكى ئېڭىزدا.
پايدىسى بار زىيانسىز،
يۈرەر كوچا-كويۇڭدا.

5

باھار كېلىپ كۆكەرسە،
يەپ كېتىمىز ئارزۇلاپ،
قوي كاللىلار تالىشىپ،
يەپ تويمايدۇ ئاي ئىيلاپ.
جاۋابىنى ئوماق دوست،
تېپىپ باققىن تېز ئويلاپ.



# كۆكلەيدىغان سوئاللار

نامانجان تۇرسۇن قاراتېكىن

نېمە ئۈچۈن،نېمىشقا
ئاسمان ئېگىز، زېمىن پەس؟
مۇز تۇتمايدۇ يازدا سۇ،
قىشتا دەرەخ كۆكلىمەس؟

قۇنۇۋالغان دەرەخكە،
يوپۇرماقلار قۇشمىدى؟
باهار بىلەن تەڭ كېلىپ،
كەچكۈزگىچە ئۈچمىدى.
چوققىسىنى تاغلارنىڭ،
كىملەر شۇنداق ئۈچلىدى؟

كۈن نېمىشقا يۇمۇلاق؟
يۇلتۇز تال-تال، ئاي ئورغاق؟
كۆكنىڭ ئىچى ئاغرىمدۇ،
ئۇسساپ كەتسە يەر قۇرغاق؟

باللىقتا ئۇلىنار،
خىياللارغا خىياللار.
ساددا خىيال ئىچىدىن،
ئۇنۇپ چىقار سوئاللار.

# قوش تەۋسىيە جۈپ سوئال

## ئوماق بالىلارغا تەۋسىيە

1. ئاتا-ئانىلاردىن كىچىك چاغلىرىدا قانداق قوشاقلارنى يادقا ئالغانلىقى ھەققىدە سوراپ بېقىڭلار. قاچان، قەيەردە قانداق قوشاق بىلەن قانداق ئويۇن ئوينىغان بولسا شۇنى خاتىرىلەپ چىقساڭلار بولىدۇ. مەكتەپتە ئوينايدىغان ئويۇنلارنىڭ ئىسمىنى يېزىڭلار ۋە قانداق ئوينىلىدىغان بولسا سىزىپ ياكى يېزىپ كۆرسىتىڭلار.

2. رەسىمگە قاراپ ئويۇنلارنىڭ ئىسمىنى يېزىڭلار. قايسى ئويۇننى ئوينىغان بولساڭلار ئويناش ئۇسۇلىنى ئېيتىپ بېرىڭلار. ئويناپ باقمىغان ئويۇنلارنى ئاتا-ئانىلاردىن سوراپ ئويناپ بېقىڭلار.





# ئاتا-ئانىلارغا تەۋسىيە

ئۇيغۇرلارنىڭ بېيىت ئېيتىش ئادىتى بار، بۇ ئادەت ھازىرمۇ قومۇل، تۇرپان قاتارلىق قەدىمى ئۇيغۇر يۇرتلىرىدا تويلاردا داۋام قىلماقتا. بۇ ئادەت يەنە مەشرەپلەردە مەۋجۇت. مەشرەپتىكى چاي تۇتۇش ئويۇنىدا بېيىت ئېيتىش ئادەتكە ئايلانغان. بۇ بۆلەكتە بالىلارغا ئانا تىل ئۆگىتىشنى قىزىقارلىق بىر ئويۇنغا ئايلاندۇرۇش مەقسەت قىلىنغان. شۇڭا ئاتا-ئانىلاردىن ئۆيدە پەرزەنتلەر بىلەن «بېيىت ئېيتىش ئويۇنى»، «قارىمۇ قارشى سۆز تېپىش ئويۇنى»، «مەنىداش سۆز تېپىش ئويۇنى»... ئويناش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تىل ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە كۆچىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز. ئۈلگە:

دادا: باغدا گۈللەر ئېچىلار قۇياشقا بېقىپ،
بالا: مەن دادامغا چاي تۇتتۇم، سۈت، قايماق قېتىپ.
دادا: باھار كەلسە چېچەكلەر ئېچىلار گۈزەل،
بالا: بۇلبۇل، كاككۇك شادلىنىپ ئېيتىشار غەزەل.

# جۈپ سوئال

1. تۆۋەندىكى ئاۋازلارنىڭ نېمىدىن ئاڭلىنىدىغانلىقىنى يېزىڭلار.

| | |
|---|---|
| تاراقلاش– | چۇرۇقلاش – |
| پورۇقلاش – | بۇقۇلداش – |
| چۇكۇلداش – | قوقۇلداش – |
| شىرىلداش – | خورۇلداش – |
| خىرىلداش – | مىقىراش – |
| چىرقىراش – | |

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ توغرا شەكلىنى تاللاڭ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئۈلگە: | ئوقۇ | ئوقۇيدۇ | ئوقۇدۇ |
| | ئىشلە | ئىشلەدۇ | ئىشلەيدۇ |
| | هار | هاردۇ | هارىدۇ |
| | قال | قالىدۇ | قالدۇ |
| | ياز | يازىش | يېزىش |
| | قات | قېتىش | قاتىش |

| | | |
|---|---|---|
| ئال | ئیلش | ئالش |
| چال | چیلش | چالش |
| سەپ | سەپش | سیپش |
| ئەت | ئەتش | ئیتش |
| کەل | کیلش | کەلش |


ئەللەي تەبئەت

# مېھمان پەسىللەر

ئابدۇۋەلى ئايۇپ




ھويلامغا مېھمان،
بولار پەسىللەر.
بەزىدە كېلىپ،
قونار پەسىللەر.

كۆزنى ياشلاپ
ئېرىپ كېتەر قار،
قارلىغاچ باشلاپ،
كەلگەندە باھار.




رەڭمۇ رەڭ گۈللەر،
يازغا يارىشار.
كۈزنىڭ يولىغا،
دېھقان قارىشار.



# سۆيۈملۈك رەڭلەر

ئابلىكىم ھەسەن

يېشىل رەڭگە مەن ئامراق،
يۇرتۇم چىمەن ئەمەسمۇ.
چىمەندوپپا بېشىمدا،
ئاپام تىككەن ئەمەسمۇ.

قىزىل رەڭگە مەن ئامراق،
قىزىل گۈللەر خۇش پۇراق.
ھويلىمىز گۈل، ئۆيىمۇ گۈل،
گىلەملەرمۇ گۈل سىياق.

كۆپكۆك رەڭگە مەن ئامراق،
كۆپكۆك دېڭىز يالتىراق.
كۆپكۆك ئاسمان دەر ماڭا:
«ئۇچقۇچى بوپ كەل پاتراق!»

# بۇلۇت مېھمان بول، دېدى

كۆككە قاراپ ئولتۇرسام،
بۇلۇت مېھمان بول، دېدى.
يۇلتۇزلارنى ئاداش تۇت،
ئاي باشلايدۇ يول، دېدى.

تېزراق كەلگىن قېشىمغا،
دوستلار ساقلاپ كەتمىسۇن.
يازنىڭ تېنى بەك قىززىق،
ئىسسىق كېلىپ تەپمىسۇن.

موماڭ تىزغان تىزىقنى،
يولدا ماڭغاچ يەپ ماڭغىن.
بوۋاڭ بەرگەن راۋاپنى،
مۇقام ئېيتىپ چەپ ماڭغىن.





ئايغا ئالغىن كۆز مۇنچاق،
يۇلتۇزلارغا ئاق تۇماق.
يۇگۇرۇك شۇ قۇياشقا،
ئېلىشۋالغىن قوڭغۇراق.

ئاداش بولار يۇلتۇزلار،
سىرداش بولار تۇلۇن ئاي.
ھاپاش قىلىپ ئوينىتار،
قۇياش دېگەن گۈل چىراي.

يەرگە قاراپ «خوش» دېدىم،
مىندىم بۇلۇت تايچاققا.
قانات كېرىپ «ئۇچ» دېدىم،
ئاسمان ئاتلىق ياي‌لاققا.



# كۈن توقاچ

قۇياش كېتىپ كېچىدە،
توشۇپ قاپتۇ يۇلتۇزلار.
قورساق ئاچتى دېگەندەك،
دېرىزەمدە گۇشۇرلار.

تېز كىرىڭلار ھوجرامغا،
ئانام ياققان توقاچ بار.
چامغۇر، پىننە توغرىغان،
ئۇسۇپ قويغان ئوماچ بار.

سوغۇق تېگەر سىلەرگە،
كۈن بولمىسا ئاسماندا.
توشلىمايمەن كۈن كەبى،
توقاچ بولغان داستىخاندا.



# دوست تۇتايلى قۇشلارنى

ئەركىن داۋۇت ئوغۇز

كېلە تېزدىن مۇكەيلى،
بۆك ئوتلاقتا چۆكەيلى.
تەبىئەتكە، قۇشلارغا،
مېھرىمىزنى تۆكەيلى.

ھەيران قالسۇن بېلىقلار،
بەدەنلىرى سىلىقلار.
يىراق تۇرسۇن بىزلەردىن،
قاملاشمىغان قىلىقلار.

سۈزۈك، سۈزۈك سۇلارنى،
ئىچەيلى تەڭ بۇلغىماي.
دوست تۇتايلى قۇشلارنى،
باغ-ۋاراندىن قوغلىماي.



# ھەسەن-ھۈسەن

نۇرتىكىن

سىم-سىم يىغلاپ بۇلۇتلار،
ئىچى بوشاپ قالغاندۇ.
كۆڭلى ئېرىپ قۇياشنىڭ،
باغرى يۇمشاپ قالغاندۇ.

قىزىق پاراڭ قىلدىمۇ،
ئاسمان كۈلۈپ كېتىپتۇ.
شوخ كۈلكىدىن ئويغىنىپ،
ھەسەن-ھۈسەن چىقىپتۇ.

چاقىرىپتۇ ئانىسى،
ئانچە يىراق كەتمەستىن.
-كۆينەك تىكتىم كىيىۋال،
خوتەندىكى ئەتلەستىن.



# يامغۇر ياغدى شار-شار

ئابدۇۋەلى ئايۇپ

يامغۇر ياغدى شار-شار،
سەل بولۇپ ئاقتى.
كەلدى ئۆستەڭ تار-تار،
قىر بۇزدى، تاشتى.

قوغلاپ سۇنى باللار،
راسا ئويناشتى.
دولقۇنلارنىڭ كۈيىدە،
قېنىپ مۇڭداشتى.



# بۇلدۇقلىغان سوئاللار

1. بىر يىلدا قانچە پەسىل، قانچە ئاي، قانچە كۈن بارلىقىنى سوراپ بېقىڭلار. تۆت پەسىلگە ئىسىم قويىسىڭىز كىملەرنىڭ ئىسمىنى قويغان بولاتتىڭىز؟ 12 ئاينىڭ ھەر بىرىگە بىردىن مۇقامنىڭ ئىسمىنى قويۇشنى خالامسىلەر؟

2. ھەسەن-ھۈسەن قانداق پەيدا بولىدۇ؟ ھەسەن-ھۈسەندە نەچچە خىل رەڭ بار؟ رەڭلەرنىڭ تەرتىپى بويىچە سىزىپ چىقىڭ. ھەسەن-ھۈسەن دېگەن سۆزگە ئوخشاش شەكىلدە كەلگەن جۈپ سۆزدىن بەشنى يېزىڭ. مەسىلەن، قازان-قومۇچ...

3. بۇلۇت بىلەن تۇماننىڭ پەرقىنى بىلەمسىز؟ بۇلۇت قانداق پەيدا بولىدۇ، تۇمانچۇ؟

4. كۆكتە ئۈزىدىغان بۇلۇت بىلەن ئۆيدە ئىشلىتىدىغان بۇلۇت بىر گەپمۇ؟ ھەسەن-ھۈسەن بىلەن ھەسەنجان، ھۈسەنجانلارچۇ؟

5. چولپان، چۆمۈچ، يەتتە تىكەن، ئېيىق دېگەن يۇلتۇزلارنى تاپالامسىز؟ ئۇيغۇرچە يەنە قانداق يۇلتۇز ئىسىملىرى بار؟ ئۈركەر يۇلتۇزىنى سىزىپ چىقىڭ.

6. يامغۇردىن كېيىن تەبىئەتتە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ؟ يامغۇر قوشاقلىرىدىن بىر قانچىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

7. بۇ بۆلەكتىكى قوشاقلارنى يادلاپ بېقىڭلار.

# ئامان بول ۋەتەن



# گۈزەل ئارزۇ

مەمەتئېلى زۇنۇن

ئالتە كۈنلۈك ئالتۇن ئاي،
ئالتۇن تارغىقىم بولسا.
رەڭگارەڭ ھەسەن-ھۈسەن،
شايى ياغلىقىم بولسا.

زەر ھالقامغا چولپاننى،
ياقۇت كۆز قىلىپ سالسام.
يۇلتۇزنى قىلىپ مارجان،
بويىنۇمغا ئېسىپ ئالسام.

تاغلار شاھى خانتەڭرى.
خۇشناۋا دۇتار بولسا.
دولقۇنلۇق ئىلى-تارىم،
دۇتارىمغا تار بولسا.

شوخ ناخشامنى، مۇقامنى،
بىر ئۆمۈر جاراڭلاتسام.
ئارزۇيۇم-مۇرادىمنى،
كەڭ جاھانغا ئاڭلاتسام.



# مومامسەن تارىم

ئابدۇۋەلى ئايۇپ

مومامسەن تارىم،
چېكەڭدە يۇلغۇن.
ئېيتساڭ تولغىمەس،
چۆچەكلىك نۇرغۇن.

مومام سەن تارىم،
ئەللىيلىك مۇڭلۇق.
تىڭشايدۇ تاغلار،
دەريا، كۆل، قۇملۇق.

مومام سەن تارىم،
ھويلاڭ كۆڭۈللۈك.
سىرلار ئاچقۇچى،
ئۇندا كۆمۈكلۈك.



# كەلسەڭ دوستۇم ۋەتەنگە

ئەخمەتجان تۇرۇپ بەگتۈرك

قاتار-قاتار غازلاردەك،
كەلسەڭ دوستۇم ۋەتەنگە.
يۈرۈڭقاشقا چۈمۈلۈپ،
ئاقاتتۇق بىز خوتەنگە.

چارچىساق قۇم ساھىلدا،
قاقلىناتتۇق ئاپتاپقا.
ئېتىپ ئاق تاش، كۆك تاشنى،
رەڭ قوشاتتۇق ئەتراپقا.

مىنىپ گاھى تۆگىگە،
قۇم شەھەرنى تاپاتتۇق.
ئۇچراپ قالسا دېۋىلەر،
ھارۋىلارغا قاتاتتۇق.



تەكلىماكان باغرىغا،
كۆكسىمىزنى ياقاتتۇق،
قۇم دېڭىزدا پىلتىڭلاپ،
بىلىجاندەك ئاقاتتۇق.

كەتسەك ئەگەر ئېچىرقاپ،
قەشقەر بوۋام ئۆيىگە،
مېهمان بولۇپ باراتتۇق.
كۆن توقاچ يەپ، سۆت ئىچىپ،
پالۋان بولۇپ ياناتتۇق.



# ئامان بول ۋەتەن

ئابدۇۋەلى ئايۇپ

قەشقەر سەھەردە،
توۋلايدۇ ئەزان.
يۇرتلار نامازغا،
ماڭىدۇ شۇئان.

مەسچىتتە خوتەن،
ئارتۇچ، ئۈرۈمچى.
ھەق يولدا دائىم،
بىرلىكتە كۈچى.



سەپكە تىزىلغان،
ياركەنت، قاراماي.
كۇچا ۋە كورلا،
بورتالا، ئالتاي.

ئاقسۇ سەجدىدە،
ئەسلەر غۇلجام دەپ.
چۆچەك، قومۇلۇم،
بولسۇن ساغلام، دەپ.

يۇرتلار نامازدا،
بولىدۇ بىر تەن.
دەيدۇ دۇئادا،
ئامان بول ۋەتەن.



# ئۇيغۇر يوق يەردە

ئابدۇۋەلى ئايۇپ

مەشرەپ قاينىماس،
ئۇيغۇر يوق يەردە.
دۇتار سايرىماس،
ئۇيغۇر يوق يەردە.

چاقچاق ئاۋۇماس،
ئۇيغۇر يوق يەردە.
مۇقام ياڭرىماس،
ئۇيغۇر يوق يەردە.

قۇياش بولماس نان،
ئۇيغۇر يوق يەردە.
ئاي بولماس مېھمان،
ئۇيغۇر يوق يەردە.





# رامىزان كەلدى

ئابدۇۋەلى ئايۇپ

رامىزان كەلدى،
زوھۇرلۇق ئېلىپ.
قولىدا قۇرئان،
تىلاۋەت قىلىپ.

رامىزان كەلدى،
ساۋاب كۆتۈرۈپ.
كۆڭۈلدىن كىرنى،
يۇيۇپ ئۆچۈرۈپ.

رامىزان كەلدى،
ئىپتارلىق ئېلىپ.
بىسمىللاھ، دېدىم،
داستىخانغا كېلىپ.

# دۇئادا قولۇم

ئابدۇۋەلى ئايۇپ

2015-يىلى 9-دېكابىر كۈنى مۇنىرەنىڭ باي ناھىيەسىگە تەۋە تاغلىق رايوندا ئوتچاچار بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى خەۋەر قىلىندى. تۇرغۇن مەمەت ئائىلىسى پىلانلىق تۇغۇت سىياستى سەۋەبلىك قورساقتىكى ھاملىنى ئالدۇرۇشقا مەجبۇرلانغاندىن كېيىن تاغقا قاچقان ۋە غاردا بىر قىز تۇغۇلغان. قاراڭغۇ غاردا تۇغۇلغان بۇ قىزغا مۇنىرە (نۇرلۇق، يورۇق) دېگەن ئىسىم قويۇلغان. ئاتا-ئانا ئۇلارنى تاغدا قوغداپ قۇتقۇزۇپ قالغان مەمەت ئەيساغا مۇنىرەنى بالا قىلىپ بەرگەن. مۇنىرە توققۇز ياشقا كىرگەن يىلى تۇغۇلغان غاردا ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلگەن.

يىغلاپ تۇغۇلۇپ،
يۇرتقا پاتمىغان.
ئىسىق يوتقاندا،
ئۆيدە ياتمىغان.

تاغنىڭ ئۆڭكۈرى،
بۆشۈكۈڭ بولغان.
داداڭ بەلبېغى،
يۆگىكىڭ بولغان.

قىرىق كۈنۈڭدە،
بايرام بولمىغان.
ئايۋان، سارايغا
مېھمان تولمىغان.



توققۇز باھارغا،
پورەك ئاچقانتىڭ.
توققۇز ساماغا،
قانات قاققانتىڭ.

جىسمىڭنى جۇدۇن،
قوغلىدى باغدىن.
زارىڭنى ئەل يۇرت
ئاڭلىدى تاغدىن.

كۈلگە ئايلاندىڭ،
تۇغۇلغان غاردا.
كېپەنسىز تېنىڭ،
كۆمۈلدى قاردا.

ساڭا قانمىغان،
يايلىقىڭ قالدى.
سېنى مىندۈرگەن.
تايلىقىڭ قالدى،

قىزىم سەن كۆيدۈڭ،
كۆيمىدى زۇلۇم.
قىزىم جەننەت قۇچ
دۇئادا قولۇم.



# پىچىرلىغان سوئاللار

1. تارىم ۋادىسى، تارىم ئويمانلىقى ۋە تارىم دەرياسى، دېگەن ماۋزۇدا رەسىم سىزىڭ. سىزغان رەسىمىڭىزنى چۈشەندۈرۈپ بىر پارچە يېزىڭ. نېمە ئۈچۈن ئىلى دەرياسىنى ياكى ئېرتىش دەرياسىنى ئانا دەريا، دېمەي تارىم دەرياسىنى ئانا دەريا دەيمىز؟

2. تەڭرىتاغ، خانتەڭرى دېگەن سۆزلەردىكى «تەڭرى» سۆزىنىڭ مەنىسى نېمە؟ شاھ دېگەن نېمە؟ تاغلارنىڭ شاھى بولامدۇ؟

3. تونۇر ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟ «ئاتا-ئانامنىڭ باللىق دەۋرى ۋە تونۇر» دېگەن ماۋزۇدا بىر پارچە يېزىپ كېلىڭلار.

4. تۆۋەندىكى رەسىمگە قاراپ تونۇر ۋە نان بىلەن باغلانغان بەش جۈملە يېزىڭلار.



5. رامزان دېگەن نېمە؟ رامزان ئېيتىش دېگەنچۇ؟ نېمە ئۈچۈن رامزان تۇتىمىز؟ «رامزان قوشاقلىرى» قانداق ۋاقىتتا ئوقۇلىدۇ؟ رامزاندىكى داستىخان ئادەتتە سېلىنغان داستىخاندىن قانداق پەرقلىنىدۇ؟



6. بىر مەسچىتنى سىزىڭ، ئىچىدە بىر سەپتە تۇرغان قەشقەر، خوتەن، ئارتۇچ، كورلا قاتارلىق شېئىردا تىلغا ئېلىنغان نامازخانلار بولسۇن.

7. بىر ئۆي سىزىڭ، ئىشىكىگە ئۇيغۇر دەپ يېزىڭ، ئىچىدىكى ھەر بىر تۈۋرۈككە «ئامان بول ۋەتەن» دېگەن شېئىردا تىلغا ئېلىنغان ئۇيغۇر يۇرتلىرىنىڭ ئىسمىنى قويۇڭ.

8. «كەلسەڭ دوستۇم ۋەتەنگە» دېگەن ماۋزۇنى ئۆزگەرتىپ «كەلسەڭ دوستۇم چەتئەلگە» دەپ يېزىپ چىقىڭ. قانداق سۆزلەرنى ئۆزگەرتىش كېرەكلىكى ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىڭ ۋە نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

9. بۇ ھايۋانلارنى بوياڭ ۋە نامىنى يېزىڭ.



# سۇسىز توشقانلار

ئابدۇۋەلى ئايۇپ

لوپنۇر كۆلى قۇرۇپتۇ. لوپنۇرلۇق توشقان سۇسىز قاپتۇ. توشقان بۆجەنلەرنى باشلاپ سۇ ئىزدەپ مېڭىپتۇ. قۇرۇق دەريانى بويلاپ كېتىۋاتسا بىر كۆل ئۇچراپتۇ. ئىنسانلار بۇ كۆلنى ئامبار دەيدىكەن. قۇرۇق دەريانىڭ ئىسمى تارىم بولۇپ، سۈيى مۇشۇ ئامبارغا قاماقلىق ئىكەن. ئۇلار ئامباردا سۇغا قېنىپتۇ. ئەمما ئوۋچىلار قوغلاپ تىنچ قويماپتۇ.



شۇنداق تىنچسىز يىللاردا ئانا توشقان قېچىپ يۈرۈپ ھېرىپتۇ. يېشى چوڭلاپ قېرىپتۇ. يۈرتىنى ئەسلەپ يىغلاپتۇ. ئاخىرى ئامبارغا قاماقلىق سۈنى لوپنۇرغا باشلاپ كەتمەكچى بوپتۇ. باللار بىلەن ھەر كۈنى يەر تېگىدىن كۆلگە ئېرىق كولاپتۇ. بۆجەنلەر ئىشلەپ كۈچكە تولۇپتۇ. قېرى توشقان ئىشلىگەنچە ساغلام بولۇپتۇ.

بىر يىلى ھەممە يەر مۇزلاپتۇ. ھەر كۈن توپا يېغىپ ئەتراپنى كۆرگىلى بولماپتۇ. شۇنى كۈتكەن توشقانلار كۆلدىن تۆشۈك ئېچىپتۇ. زېرىككەن سۇلار يەر ئاستى ئېرىق بىلەن قېچىپتۇ. شۇندىن كېيىن قاچقان سۇ ۋە توشقانلاردىن خەۋەر يوق ئىكەن. بەزىدە قۇملۇقتا يىراقتىن توشقان ۋە سۇ كۆرۈنۈپ يوقاپ كېتىدىكەن. يولۇچىلار بۇنى ئالۋۇن دەيدىكەن، ئەمما ئالۋۇن زادى نېمە ھېچكىم بىلمەيدىكەن.



# ئاچكۆز تيين

بىر ئاچكۆز تيين بار ئىكەن. ئۇ دائىم كۆزى نېمىنى كۆرسە شۇنى ئالسام دەيدىكەن. بىر كۈنى ئۇ تاغدىن چۈشۈپ بىر ئانارلىق باغقا كىرىپ قاپتۇ. ئۇ تاللا-تاللا ئاخىرى ئەڭ چوڭ، ئەڭ قىزىل ئاناردىن بىرنى ئۈزۈپتۇ-دە سەكرەپ، تاقلاپ كېتىپتۇ.

تيين باغدىن چىقىپ بىر ئېتىزغا كەپتۇ. ئۇ ئېتىزدىن بىر سەۋزە يۇلۇپتۇ- دە، ئانارنى تاشلاپتۇ.

يولدا ئۈزۈملۈك ھويلىغا يولۇقۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سەۋزىنى تاشلاپ چوڭ بىر ساپاق ئۈزۈمنى يۈلۈپ مېڭىپتۇ.

ئۆيگە بارغۇچە بىر ئېرىق ئۇچراپتۇ. قارىسا ئاي تۇرغان. تيين ئېرىقتىن ئاينى سۈزمەكچى بولۇپ ئۈزۈمنى تاشلاپ ئاينى قوغلاپتۇ. ئاخىرى ئاينى تۇتالماي ئۆيگە قۇرۇق قول يېنىپتۇ.



# ئويۇنچى مايمۇنچاق

ئابدۇۋەلى ئايۇپ

مايمۇنچاق ئورماندا مېۋە ئۈزۈپ زېرىكىپ قاپتۇ. يەردە ئۈنىدىغان قوناق، سۇدا ئۈزىدىغان بېلىق يىگۈسى كەپتۇ.





قوناق تېرىشنى ئۆگىنەي، دەپ بىر ئېتىزغا كەپتۇ-دە قوناق يەۋاتقان ئۆكۈزگە: ـ ئۆكۈز ئاكا، ماڭا قوناق تېرىشنى ئۆگەتكىن، ـ دەپتۇ.

ئۆكۈز ماقۇل بولۇپ مۆرەپتۇ. قوناق تېرىش ئۈچۈن ئىككىسى يەر ئاغدۇرۇپ ساپان سۆرەپتۇ. مايمۇنچاق بىردەم ئىشلەپ «قوناق تېرىپ يېمەك قىيىن ئىكەن» دەپ قېچىپتۇ.

ماثا ماثا مايمۇنچاق بر ئېرق بويغا كەپتۇ، دە بېلق يەۋاتقان ئۆردەككە:

ـ ئۆردەكجان، ماثا بېلق تۇتۇشنى ئۆگەتسەڭ بولامدۇ؟ـ دەپتۇ.

ئـۆردەك قوشۇلۇپتۇ. مايمۇنچاق بردەم بېلق قوغلاپ زېركپتۇ. شۇنڭ بلەن بېلق تۇتۇشنى تاشلاپ، بازارغا كېتپتۇ.





مايمۇنچاق بازاردا بېلىق يېگەننىڭ ئاغزىغا قاراپتۇ. كۆكۋاش يېگەننىڭ چىشنى ساناپتۇ. بەزىدە بېلىق تۇتقاننى، بەزىدە يەر تېرىغاننى دوراپ خەقلەرنى كۈلدۈرۈپتۇ. كىشلەر ئۇنى قوناق مەردىكى، بېلىق قاسرىقى بېرىپ كۆندۈرۈپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي مايمۇنچاق قەپەزدە ئويۇن قويۇشنى باشلاپتۇ. شۇندىن كېيىن ئۇ نەدە كىشلەر چاۋاك چالسا شۇ يەردە يۈرەرمىش.

# ئۈچ ھۇرۇن

بۇرۇندا ئۈچ ھۇرۇن دوست ئىكەن. ئۇلار بىر بىرىدىن ئەزمە ئىكەن. بىر كۈنى ئۇلار بىر ئىت بىلەن يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار يول بويى ئەزمىلىك بىلەن مېڭىپ، ئاخىرى ھېرىپ بىر ئۆستەڭگە يېقىن يەردە توختاپتۇ. بىر بالا بازارغا قېتىق ۋە نان ساتقىلى ماڭغان ئىكەن. ئاچ ھۇرۇنلار بىر نان بىلەن قېتىق ئاپتۇ. ئەمما قولى پاسكىنا بولغاچقا:

ـ سۇنى سەن ئەكەلگىن، ـ دەپ بۇيرۇپتۇ بىرى ئىككىنچىسىگە.

ـ نېمىشقا مەن ئەكىلىدىكەنمەن؟ ماۋۇ ئەكەلسۇن، ـ دەپتۇ ئىككىنچى ھۇرۇن ئۈچىنچىسىگە.



ـ مەنمۇ؟ ـ دەپ ئىككىسگە گۆلىيىپتۇ ئۈچىنچى ھۇرۇن، ـ سۇنى يالغۇز مەن ئىچەمدىم، نېمىشقا مەن ئەكىلىپ يۈرەتتىم؟! ماۋۇ ئىتنى بۇيرۇڭلار، ـ دەپتۇ.

ئۈچ ھۇرۇن تالىشىپ كۈننى كەچ قىپتۇ. ئاخىر ئۇلار: «كىم گەپ قىلسا ياكى مىدىرلىسا سۇ ئەكەلسۇن» دەپ پۈتۈشۈپتۇ. سۇ ئەكىلىشتىن قورققان ھۇرۇنلار بۇتتەك مىت قىلماي، ئۈندىمەي ئولتۇرۇشۇپتۇ. بۇ چاغدا، ئۇلار ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن ئىت، نان بىلەن قېتىقنى يەپ بوپتۇ. ئاندىن بىرىنچى ھۇرۇننى يالاشقا باشلاپتۇ. چىدالمىغان بىرىنچى ھۇرۇن: «چاغ-چاغ!» دەپ ۋارقىرىغانىكەن، قالغان ئىككى ھۇرۇن: «ھەببەللى، سۇنى ئەمدى سەن ئەكىلىدىغان بولدۇڭ!» دەپ خۇشاللىقتىن چۇقان كۆتۈرۈپتۇ.





# كارامەت بۆدۈنه

ئابدۇۋەلى ئايۇپ

چۆجه بۆدۈنه چىللاشنى ئۆگىنىپ بەك خۇش بوپتۇ. ئانىسى ئۇنى ماختاپ هەر كۈنى: ـ ئوماق بۆدۈنەم، سەندە كارامەت بار جۇمۇ، سەن چىللىمساڭ تاڭ يورۇمايدۇ، كۈن چىقمايدۇ، ئىگىمىز ئويغانماي كاتەك ئاچمايدۇ، ـ دەيدىغان بوپتۇ. چۆجه بۆدۈنه بۇ گەپلەرگە كۆنۈپتۇ، مەندە كارامەت بار دەپ هەممە يەردە كۆرەڭلەپ: ـ بۇق، بۇق، بۇق! بۇق، بۇق، بۇق! كىم بولساڭ بول، مەندىن قورق! ـ دەپ يۈرۈپتۇ.



چۆجه بۆدۇنه بىر كۈنى كالىغا قونۇپ: ـ بۇق،
بۇق، بۇق! بۇق بۇق، بۇق، كىم بولساڭ بول، مەندىن
قورق! ـ دەپتۇ. كالا ئاچچىقلاپ قۇيرۇقىنى بىر
شىلتىغان ئىكەن، يىقىلىپ يەرگە ئاران قونۇپتۇ.
چۆجه بۆدۇنه قاتتىق ئاچچىقلاپ كالىغا: ـ ماڭا
قورقماي شىلتىك ئاتامسەن؟ ئەگەر يىقىلىپ پۇتۇم سۇنسا،
ساڭا تاڭنى، كۈننى ھەرگىز كۆرسەتمەيمەن، ـ دەپتۇ.
ـ ھا، ھا، ھا! ـ كالا ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ تاشلاپتۇ
ۋە: ـ ھەي، سەندە ئۇنچىلىك كارامەت يوق، ـ دەپتۇ.
چۆجه بۆدۇنه ئاڭلاپ تېخىمۇ ئاچچىقلاپتۇ ـ دە، كالىغا:
ـ خەپ! كارامەتنى ئەتە كۆرسەن! ئەتە مەن بىر چىللىماي
باقاي، تاڭ يورۇمدۇ، كۈن چىقامدۇ قېنى؟ ـ دەپتۇ.



ئەتىسى سەھەر بۆدۇنە «كالا تاڭ ئاتقۇزالماي ماڭا يالۋۇرىدۇ»، دەپ قويماي ئوخلاپتۇ. كۆزىگە ئاپتاپ چۈشۈپ قارىسا، تاڭ يورۇپ، كۈن چىقىپ، كالىمۇ ئىشقا ماڭغان. چۆجە بۆدۇنە «باشقىلار ئاڭلىسا مازاق قىلارمۇ»، دەپ كاتەككە مۆكۈپ تالاغا چىقماي دانلاپتۇ. ئۇ «كارامەت دېگەن زادى قانداق نەرسىدۇ؟ مەندە بارمىدۇ؟ بولسا نەرىمدە باردۇ؟ ئانامنىڭ كارامەت بار دېگىنى توغرىمۇ ياكى كالىنىڭ يوق دېگىنىمۇ؟ كۈن نېمىشقا چىللىمىسام چىققاندۇ؟ تاڭ نېمىشقا مېنى ساقلاپ تۇرمايلا يورۇپ كەتكەندۇ» دەپ ئويلاپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۆدۇنە ھازىرمۇ ئۆزىدىكى كارامەتنى ئىزدەپ يۈرگۈدەك.

# دادا، سەن نەدە

ئابدۇۋەلى ئايۇپ

دادا، ئۆتكەن ھەپتە خانىم سېنى جىنايەتچى، دېگەنىدى. بۈگۈن، مەكتەپتە، مەھەللىدە ھەممەيلەن شۇنداق دەيدۇ. ھاممام تۇرۇپ چوڭ يىغلىغاندا سېنى «جىنايەتچى»، دەپ سۆزلىدى، نېمىشقا ئۇنداق دەيدۇ؟ ـ دادام ئۇنداق ئەمەس! ـ دەپ يىغلاپ كەتتىم. دادا، جىنايەت، دېگەن نېمە؟

مومام ساڭا ئەتىيازدا ئۈژمە، يازدا ئۆرۈك، كۈزدە ئۈزۈم ساقلاپ بېرەلمەي ئۆلۈپ كەتتى. بوۋام سەن يازغان كىتابنى ئەكەلگىلى ئۈرۈمچىگە كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. ھاممام سېنى بۇرۇن يازغۇچى، دېگەن ئىدى. بۈگۈن يىغلىغاندا «بۆلگۈنچى» دەيدۇ. دادا، بۆلگۈنچى، دېگەن نېمە؟



دادا، ئانام سېنى كىتاب يازغىلى كەتتى دەيدۇ. يىراقتا كىتاب يازماي، يېنىمدا مېنى ئويناتساڭ بولمامدۇ؟ سەن يازمىساڭمۇ كىتابلار كىتابخانىدا كۆپقۇ! دادا، باللار بۆلگۈنچى دادىسى باركەن، دەپ مەن بىلەن ئوينىماي قالارمۇ؟

ھاممام ھېلىقى كۈنى يىغىندا سېنى جىنايەتچى، دەپ بولۇپ، ئۆيدە دۈم يېتىپ ئۇزاق يىغلىدى. مېنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ كەچۈرۈم سورىدى. ماڭا بازاردىن شاكىلات، سۈت كەمپۈت، سېغىز ئېلىپ بەردى. بۇلارنى ئاداشلىرىمغا بەرسەم ئۇلارمۇ كەچۈرۈم سوراپ مەن بىلەن يەنە ئوينارمۇ؟

دادا سەن، يالغان سۆزلىگەن كىشى كۆزۈڭگە قارىيالمايدۇ، دېگەن ئىدىڭ. سېنى بۆلگۈنچى، دېگەن خانىم، مۇدىر، ھاممام، ھەممىسى كۆزۈمگە قارىيالمىدى. سېنى كىتاپ يازغىلى كەتتى، دېگەندە ئاناممۇ شۈنداق قىلغان. مەن بىلىپ قالدىم دادا، ھەممىسى يالغانچى. چوڭلار يالغان ئېيتىدۇ. ئەمما.. دادا، سەن زادى بۆلگۈنچىمۇ، يازغۇچىمۇ؟ سەن زادى نەدە؟



# ۋىچىرلىغان سوئاللار

1. تۆۋەندىكى ھايۋانلارنىڭ ئىسمىنى يېزىڭلار، چالا سىزىلغان ئەزالىرىنى سىزىڭلار ۋە كىتابتا بولارغا ئائىت قانداق مەزمۇنلارنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.













2. تۆۋەندىكى كۆكتاتلارنى بوياڭلار، ئىسمىنى يېزىڭلار ۋە قايسى ھەرپلەرگە ئوخشايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.













3. تۆۋەندىكى رەسىمگە قاراپ بىر ھېكايە توقۇڭلار ۋە رەسىمنىڭ كەم قالغان قىسىملىرىنى سىزىپ بېقىڭلار.






4. نەسىردىن ئەپەندى كىم؟ تۆۋەندىكى رەسىمگە قاراپ نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدىن بىرنى ئېيتىپ بېرىڭلار.



5.ماس سۆزلەرنى تۇتاشتۇرۇڭلار.

